# جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمىمىزنى بارغانسېرى پىششىپ يېتىلدۈرەيلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ!» يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك نەتىجە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 1840 - يىلىدىن بۇيانقى ھاقارەتكە ئۇچراش تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى بېيىتىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپالمىغانلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيان چوڭقۇر، ئېغىر كرىزىسكە پېتىپ قېلىشتىن ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، قەدىمىي جۇڭگودىن ئىبارەت سۇمۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش تارىخ يېڭى مۇساپىسىنى ئاچتى. 75 يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى پارلاق ئىستىقبالىنى كۆتۈۋالدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق بىلدۈردىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى 1840 - يىلىدىن بۇيان، بولۇپمۇ جياۋۇ ئۇرۇشىدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىكى باشقا يوللارنى سىناپ بېقىشتا پۈتۈنلەي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن چىقارغان تارىخىي تاللىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە خەلقى مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، غايەت زور بەدەل تۆلەپ قولغا كەلتۈرگەن تۈپ مۇۋەپپەقىيەت. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى توغرا يول، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشىمىز، مەڭگۈ تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك.

يۆنىلىش ئىستىقبالنى بەلگىلەيدۇ، يول تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. تەقدىرىمىزنى ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، بىزدە ئىرادىدىن قايتمايدىغان، يولنى ئۆزگەرتمەيدىغان قەتئىيلىك بولۇشى كېرەك. لۇشۈن ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «يول دېگەن نېمە؟ يول ئەزەلدىن يول يوق جايلاردا مېڭىشتىن شەكىللەنگەن، تىكەن - چاتقاللىق جايلارنى ئېچىشتىن شەكىللەنگەن.» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ بارلىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ باش تېمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بولدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشتە ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدىغان قىسمەن كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پەرەز بىلەن چىقارغان ھۆكۈمىگە ئەمەس، بەلكى پاكىتقا قاراش، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆكۈمىگە قاراش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق كۆرەش قىلىشى ئارقىلىق ئېچىلغان، جۇڭخۇا زېمىنىدا يىلتىز تارتقان بولۇپ، جۇڭگو خەلقىگە بەخت، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان توغرا يول. زامانىمىزدىكى جۇڭگو چوڭ قەدەم تاشلاپ دەۋرگە يېتىشىۋالىدىغان دەۋر تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان داغدام يول، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇقەررەر يول، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىدىغان مۇقەررەر يول. كەلگۈسىگە يۈزلەنگىنىمىزدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھەم بىزنىڭ جەزمەن ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىدىغان ئۇلۇغ ئىشىمىز، ھەم كەلگۈسىنى يارىتىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە يول قويمايمىز، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە يول قويمايمىز!

«200 يىل ياشاشقا ئىشەنچىم تۇرسا يانا، 3000 چاقىرىم سۇ ئۈزۈش ھېچ گەپ ئەمەستۇر ماڭا.» بۈگۈنكى دۇنيادا قايسى سىياسىي پارتىيە، قايسى دۆلەت، قايسى مىللەت ئۆزىگە ئىشىنەلەيدۇ دېيىلسە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئەڭ ھەقلىق. مەيلى قانداق بوران - چاپقۇنغا يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە ئىزچىللىقنى ساقلىشىمىز، ھەرگىز ھەر خىل شاۋقۇن - سۈرەن سەۋەبىدىن تۇتقان يولىمىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز كېرەك؛ مەيلى قانداق خىرىسقا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە باشقا جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ قۇدرەتلىك، تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ھەقىقەت كۈچىنى تىرىشىپ نامايان قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، بىزنىڭ يولىمىز مۇقەررەر ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز مۇقەررەر بارغانسېرى پىششىپ يېتىلىدۇ».

«تۈمەنلىگەن جاپا - مۇشەققەتتىمۇ يەنىلا قەيسەر تۇرۇپ، كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەت، زەربىلەرگە ئەگمىدۇق باش، سوقسىمۇ بوران - چاپقۇن، ھېلىھەم تۇردۇق مانا ياپىياش.» بىز 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بىپايان زېمىندا تۇرۇۋاتىمىز، جۇڭخۇا مىللىتى 5000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق كۆرەش قىلىش داۋامىدا توپلىغان مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىۋاتىمىز، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى مۇجەسسەملىگەن قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چەكسىز كەڭ دەۋر سەھنىسىگە، مىسلىسىز چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا، مىسلىسىز قۇدرەتلىك ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىگە. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىدىن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچى قوبۇل قىلىپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش ھالىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، ئىرادىمىزدىن قايتماي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، بىز چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت پارلاق قىرغاققا قاراپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى مېي چاڭۋېي، ياڭ ياۋېن

«بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، شۇنداقلا قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، تاكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكىچە قەتئىي بوشاشماي كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك».

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلابىي ھەربىي بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، چوقۇم ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈچنى ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇنداپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت پارلاق قىرغاققا قاراپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

### پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئاساسىي مەقسىتىمىز، خىسلىتىمىزنى مەڭگۈ ساقلايمىز

ئېگىزلىكتىكى، ئارالدىكى، مەركىزىي شەھەردىكى، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىي گازارمىلاردا، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى سەجىل كۆتۈرۈلدى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي تۈردە پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئاساسىي مەقسىتىمىز، خىسلىتىمىزنى مەڭگۈ ساقلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلايمىز.

غەربىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ ھاۋا ئارمىيە مەلۇم بازىسىدا، شەنشى ئۆلكىسى يەنئەن شۆبە ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم خېبېي باش ئەترىتى ساڭجۇ تارماق ئەترىتى، 71 - جىتۈەنجۈننىڭ «لىنفېن لۈ»يى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى قىزىل بايلىققا تايىنىپ ئىككىنچى دەرسخانا ئېچىپ، كۆپچىلىكنى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش ئىدىيەۋى ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلىدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ جېنى. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرىمىز، مۇتلەق سادىق، مۇتلەق ساپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرىمىز.

### كۆرەش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقەددەس بۇرچنى ئادا قىلىمىز

«لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىنىڭ يىراقتا سەپەر قىلىپ قايتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى بىرتۈركۈم ئاۋىياماتكا كۆرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرى كەمتۈكلۈك، يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى تاۋلىدى؛ جۇرىخې مانېۋىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 82 - جىتۈەنجۈننىڭ مەلۇم بىرىگادا لۈيى مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان رايون مۇھىتىدا يۇقىرى سەۋىيەلىكتىكى ئەمەلىي جەڭ مەشىقىنى قانات يايدۇردى...

راكېتا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبا لۈيى، قويۇپ بېرىش 5 - يېڭى مەلۇم مۇھىم، زور نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىۋاتاتتى. يىلىڭ جىداۋيۈەنى لى جېنيۇ مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بەشكە ھەرگىز قوشۇلماسلىق» دېگەن سۆز ئىنتايىن ۋەزنىلىك بولۇپ، پۈتۈن يىڭدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماسلىق، بۇرچنى ئادا قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ «كوزىرى» «ئاساسى» بولۇپ، تىنچلىقنى سۆيىدىغان، تىنچلىقنى قوغدايدىغان كىشىلەرگە ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلاپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بارلىق كۈچلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىدۇ.

### تىنچلىقنى قەتئىي قوغداپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، تىنچلىقنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلىدى، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىغا قارشى تۇرۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى چىڭىتتى.» لىۋاننىڭ يەرلىك ۋاقتى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 19 - تۈركۈمدە لىۋانغا بارغان تىنچلىق ساقلاش قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتىنىڭ چارلاش ئەترىتى لىۋان - ئىسرائىلىيە چېگراسىدىكى «كۆك لىنىيە» ئەتراپىدىكى قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن قايتىۋاتقان ئاپتوموبىلدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى كۆردى ۋە ئۆگەندى.

جەڭگە ئاتلانغىنىغا ئۇزاق بولمىغان دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 36 - تۈركۈمدىكى دېڭىز قاتنىشىنى قوغداش ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇنداق بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى چوقۇم ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ئوكيانغا باتۇرلارچە يۈرۈش قىلىش، ئۇدا جەڭ قىلىش، قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىش، دۆلەتكە شەرەپ كەلتۈرۈش» قەسىمىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلقئارا مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتنى پائال ئادا قىلىپ، خەلقئارا سۇ يولى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆھپە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

**(يېزىشقا قاتناشقانلار: دۇەن كەيشاڭ، ۋۇ چۈنخۇي، جاڭ دەن، شياڭ جياچى، لياڭ لىخۇ، ليۇ شيۇگما، ۋاڭ دەنيۇ، ياڭ شۆچياڭ، ۋۇ خاۋيۇ، سۈن فېي، ۋاڭ جۈنبو، ليۇ خۇيبىن، چېن شى)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# نېگىزنى تۇتۇپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر پىلانلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئىنچىكە ئىشلەش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەزىيەتكە قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا، زاپاس كۈچكە ئىگە بولۇشىغا، ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، يېتەكچى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلارنى يېتەكلەش سۇبيېكتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كىرگۈزۈش، مەنپەئەت باغلىنىشى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ۋە مۈلۈك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، خەۋپ - خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ياخشى ئىشلەشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئاچقۇچلۇق ھالقىنى ئىگىلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، قوللاش سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇرتىغا قايتقانلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستىل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خۇلاسىلەش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىنغا قاتناشقانلار سىندىن خوتەن ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقتۇ ناھىيەسى، يەكەن ناھىيەسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىلىق فىلىمىنى كۆردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قومۇل شەھىرىنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.